دىنىمىز ئىسلام، مىللىتىمىز تۈرك
ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستان

# شەرقىي تۈركىستان ياشلىرى

ئايلىق سىياسى گېزىت (ھەقسىز)

1993 - يىل 10 - ئاي (5 - سان)

# Doğu Türkistan Gençleri

AYLIK SIYASI GAZETE

## « شەرقىي تۈركىستان ياشلار بىرلىكى » خىتابنامىسى

بۈيۈك كوممۇنىزم لاگېرىنىڭ چۈكۈشى بىلەن دۇنيا جۇغراپىيىسى يېڭىدىن شەكىللىنىپ، كۆپلىگەن مۇستەملىكە مىللەتلەر ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقىغا ئىگە بولدى، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئىنسان ھەقلىرى ئومۇمى باياننامىسىنىڭ روھى بىلەن، دېموكراتىيە ۋە ئىنسان ھەقلىرى، پۈتۈن دۇنيادىكى تىنچلىق ۋە تەرەققىيلىكنى سۆيگۈچى خەلقنىڭ ئورتاق شوئارىغا ئايلاندى!

مۇشۇنداق بىر تارىخى ۋەزىيەتتە، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستان تېخىچە مۇستەملىكىچى قىزىل چىننىڭ ئىشغالى ئاستىدا مۇستەملىكە ھالەتتە ياشىماقتا. كۈندىن - كۈنگە كۈچىيىۋاتقان سىياسى ۋە مىللىي زۇلۇم شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ۋە ئەركىن ياشاش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلماقتا!

تارىختىن بېرى مۇستەقىل ياشاپ كەلگەن ۋە دۇنيا مەدەنىيىتىگە شانلىق تۆھپىلەرنى قوشقان شەرقىي تۈركىستان خەلقى، مەيلى مانجۇلار دەۋرىدە بولسۇن، مىللەتچى چىن دەۋرىدە بولسۇن ياكى ھازىرقى قىزىل چىن دەۋرىدە بولسۇن، مىللىي مۇستەقىللىق كۆرەشلىرىنى بىرمۇ توختىتىپ قويغىنى يوق!

بولۇپمۇ قىزىل چىن شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلغاندىن بېرى، شەرقىي تۈركىستان خەلقى چىن مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ ۋەھشىيانە زۇلۇملىرىغا قارشى قەھرىمانلارچە كۆرەش قىلدى. شۇنداقلا، ئۆزلىرىنىڭ دېموكراتىيە ۋە ئەركىنلىك ئۈچۈن ئېلىپ بارغان ھەققانى كۆرەشلىرى سەۋەبىدىن، مۇستەبىت قىزىل چىن ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن ياۋۇزلارچە باستۇرۇلۇپ، ئىنسان ئېيتقۇسىز دەرىجىدە ئازاپ ۋە ئىسكەنجىگە ئۇچراپ كەلمەكتە. كوممۇنىستلارنىڭ تۈرمىلىرى ئەركىنلىك ۋە دېموكراتىيە تەلەپ قىلغان خەلقىمىز بىلەن لىق تولدى!

(داۋامى 2 - بەتتە)

باش ماقالە

## پىتنە - پاساتچىلار ئەمدى بازار تاپالمايدۇ

ئىسمى ئۈچۈن ۋەتەندىن ئايرىلدۇق؟

خۇددى مەشھۇر ئىنقىلابچىمىز مۇھەممەت ئىمىن بۇغرانىڭ ئېيتقىنىدەك، «ۋەتەن ئۈچۈن ۋەتەندىن ئايرىلدۇق!».

دېموكراتىيە ۋە ئىنسان ھەقلىرى پۈتۈن دۇنيا خەلقىنىڭ ئورتاق شوئارىغا ئايلانغان، قىزىل چىن يېڭى دۇنيا ۋەزىيىتىنىڭ بېسىمى ئاستىدا زاۋاللىققا يۈز تۇتۇۋاتقان، ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ مىللىي مۇستەقىللىق كۆرەشلىرى كۈندىن - كۈنگە كۈچىيىۋاتقان بۈگۈنكى تارىخى شارائىتتا، «شەرقىي تۈركىستان ياشلار بىرلىكى»نىڭ قۇرۇلۇپ رەسمى ئىشقا كىرىشكەنلىكى، زور تارىخى ئەھمىيەتكە ئىگە بىر ئىش!

كىشىنى كۈچلۈك ھاياجانغا سالىدىغىنى شۇكى، ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى بىر قىسىم ۋەتەنپەرۋەر ياشلارنىڭ ئورتاق ئاۋازى قوشۇشى ۋە خەلقئارا «شەرقىي تۈركىستان مىللىي قۇرۇلتىيى» ئىجرائىيە كومىتېتىدىكى ياش ئەزالارنىڭ بىۋاستە رىياسەتچىلىكىدە، بۇيىل 4 - ئاينىڭ 9 - كۈنى رەسمى قۇرۇلغان «شەرقىي تۈركىستان ياشلار بىرلىكى»، رەئىس ئەنۋەر رەخمانىنىڭ رەھبەرلىكىدە، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە

(داۋامى 2 - بەتتە)

## شەرقىي تۈركىستانلىقلار مىننەتدارلىق زىياپىتى بەردى



ئۆز خەۋەرچىمىز: 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، تۈركىيەدىكى ھارماس ئىنقىلابچىمىز ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىن باشچىلىقىدىكى شەرقىي تۈركىستانلىق قېرىنداشلىرىمىز، تۈركىيە، شۇنداقلا ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرك جۇمھۇرىيەتلىرى ۋە بىر قىسىم ئىسلام ئەللىرىگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن، ئىستانبۇل شەھىرىدە شۈكران يېمىكى بەردى.

شۈكران يېمىكىگە، تۈركىيەنىڭ دۆلەت ئەرباپلىرى، مىللەت ۋەكىللىرى، تۈركىيەدىكى مەشھۇر زاتلار، ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرك جۇمھۇرىيەتلىرى ۋە بىر قىسىم ئىسلام ئەللىرىنىڭ تۈركىيەدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىلىرى، كونسۇللىرى، شۇنداقلا تۈركىيەدىكى شەرقىي تۈركىستانلىق قېرىنداشلاردىن بولۇپ 200 دىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى.

«تۈركىيە» گېزىتىنىڭ دائىملىق مۇخبىرى، شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ ساداقەتلىك دوستى سەرۋەت قاباقلى ئەپەندى بۇقېتىمقى شۈكران يېمىكىگە رىياسەتچىلىك قىلدى.

تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ باش مىنىستىرى تانسۇ چىللەر خانىم، تۈركىيە مىللىي ھەرىكەت پارتىيىسىنىڭ رەئىسى ئالپارسلان تۈركەش ۋە بىر قانچە مىنىستىر، مىللەت ۋەكىللىرى شۈكران يېمىكى مۇناسىۋىتى بىلەن ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىنگە تەبرىك تېلېگراممىسى يوللىدى.

داۋامى 3 - بەتتە

## شەرقىي تۈركىستان دەۋاسى ئامېرىكىدا جاكارلانماقتا

«شەرقىي تۈركىستان مىللىي قۇرۇلتىيى» نىڭ ئامېرىكىدىكى باش تەمسىلچىسى غۇلامىدىن پاختا خەۋەر قىلدۇ:

ئامېرىكىدا ئەڭ چوڭ تەسىرگە ئىگە بولغان «ئەسىر مىللەتلەر ھەپتىلىكى» پائالىيىتىدە، شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى كۈندىلىك ئورۇنغا ئۆتتى.

داۋامى 3 - بەتتە




# شەرقى تۈركىستانلىقلار مىننەتدارلىق زىياپىتى بەردى



(بېشى 1- بەتتە)

شۇكران يېمىكىدە، ئالدى بىلەن ئەپا يۈسۈپ ئالپتېكىن سۆز قىلىپ، 1949- يىلى قىزىل چىن شەرقى تۈركىستاننى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، چەتئەللەرگە سەرگەردان بولۇپ چىقىپ كەتكەن شەرقى تۈركىستانلىقلارنىڭ ئوموميى ئەھۋالىنى ئوموميۈزلۈك تەپسىلى تونۇشتۇردى ۋە ئاخىرىدا مۇنداق دېدى: «ئەينى چاغدا، قىزىل چىننىڭ مۇستەملىكىسى ئاستىدا ياشاشنى خالىماي، سەرگەردان بولۇپ چىققان نەچچە يۈزمىڭ شەرقى تۈركىستانلىق ھازىر قازاقىستان، قىرغىزىستان، ئۆزبېكىستان، تۈركىيە، سەئۇدى ئەرەبىستان، پاكىستان قاتارلىق ئەللەردە ياشاپ كەلمەكتە. كۆپ يىللاردىن بېرى بۇ ئەللەر شەرقى تۈركىستان خەلقىغە باشپانا بولۇپ، ئۇلارنى شۇ دۆلەتلەردە ئەركىن ياشاش پۇرسىتىگە ئىگە قىلدى. شۇنداقلا، شەرقى تۈركىستان خەلقىنىڭ مىللى مۇستەقىللىق ئۈچۈن ئېلىپ بارغان كۆرەشلىرىنى قوللىدى ھېداشلىق قىلىپ كەلدى. مەن شەرقى تۈركىستان خەلقىغە ۋاكالىتەن بىزگە غەمخورلۇق قىلغان بۇ دۆلەتلەرگە سەممىمى رەھمەت ئېيتىمەن!».

شۇكران يېمىكىدە يەنە، تۈركىيەنىڭ سابىق مەدەنىيەت مىنىستىرى، تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ پېرېزىدېنتى سۇلايمان دېمىرەلنىڭ باش مەسلىھەتچىسى نامىق كامال زەيبەگ، تۈركىيە مىللەت ۋەكىلى سېيفى شاھىن، تۈرك دۇنياسى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى تۇران يازغان، تۈركىيە گېزىتىنىڭ داڭلىق مۇخبىرى ئەخمەت قاباقلى، ئەزەربەيجان باش كونسۇلى شائىر ئابباس ئابدۇللا خوجا ئوغلى قاتارلىق 15 دىن ئارتۇق مېھمان ئارقا - ئارقىدىن سۆز قىلىپ، تۈركى ئەللەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقلىقنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ۋە ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتلەردە كۆپلىگەن قىممەتلىك پىكىرلەرنى بەردى ھەمدە، شەرقى تۈركىستان خەلقىنىڭ مىللى مۇستەقىللىق ئۈچۈن ئېلىپ بارغان ھەققانى كۆرەشلىرىنى قوللاپ-قۇۋۋەتلەيدىغانلىقلىرىنى بىلدۈردى.



# شەرقى تۈركىستان دەۋاسى ئامېرىكىدا جانلانماقتا

بېشى 1- بەتتە

دۇنيا ئىنسان ھەقلىرى ئوموميى بايانامىسى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىپ ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ئامېرىكا كونگرېسى دۇنيادا يەنىلا ئىنسانى ھەقتىن مەھرۇم ھالدا ياشاۋاتقان مىللەتلەرنىڭ بارلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، 1959- يىلى 7- ئاينىڭ 17- كۈنى «86 - 90» نومۇرلۇق بىر قارارنى قوللاپ، ئۇنى پۈتۈن دۇنياغا ئېلان قىلغان ئىدى. ئامېرىكا كونگرېسى تەرىپىدىن رەسمى تەستىقلىنىپ چىققان بۇ دۆلەت قانونىدا، «پۈتۈن دۇنيادا مىللى ئەركىنلىك ۋە ئىنسانى ھوقۇقلىرىدىن مەھرۇم ھالدا ياشاۋاتقان ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ مىللى ئەركىنلىكىنى ۋە ئىگىلىك ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرگەنگە قەدەر، ھەر يىلى 7- ئاينىڭ ئالدىنقى ھەپتىسى، «ئەسىر مىللەتلەرنى خاتىرىلەش ھەپتىسى» قىلىپ بېكىتىلىدۇ» دەپ كۆرسىتىلگەن ئىدى. مانا ھازىر 35 يىل ئۆتتى، 35 يىلدىن بېرى «ئەسىر مىللەتلەر ھەپتىلىكى» پائالىيىتى نيويورك شەھرىدە ئۆتكۈزۈلۈپ كېلىنىۋاتىدۇ.

سوۋېت كوممۇنىزىم دىكتاتورلىقىنىڭ چۆكۈشى بىلەن، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە كاپكاسىيادىكى كۆپلىگەن دۆلەتلەر ئۆز مۇستەقىللىقىغە ئېرىشتى. شۇندىن كېيىن، نيويورك شەھرىنىڭ ئەڭ ئاۋات 5- كوچىسىدا ئاھايىتى ھەشەمەتلىك ئۆتكۈزۈلۈپ كېلىنىۋاتقان ئەسىر مىللەتلەر ھەپتىلىكى پائالىيىتى بىر ئاز سۇسلىشىپ قالدى. بۇ پۇرسەتتىن غەنىمەت بىلگەن چىن بىلەن روسىيە، «ھازىر ئەسىر مىللەتلەر ھەپتىلىكىنى خاتىرىلەشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق، ئامېرىكا ئەسىر مىللەتلەر كومىتېتىنى تارقىتىۋېتىشى كېرەك» دەپ جار سېلىشتى.

ئالدىنقى يىلى 12- ئايدا ۋاشىنگتوندا ئۆتكۈزۈلگەن ئىنسان ھەقلىرىگە مۇناسىۋەتلىك بىر يىغىندا، چىن تەرەپ بىلەن شەرقى تۈركىستان تەرەپنىڭ ۋەكىللىرى ئۆز ئارا مۇنازىرىلەشتى. چىن تەرەپ ۋەكىلى، «ئەسىر مىللەتلەر كومىتېتىنى تارقىتىۋېتىش كېرەك» دېگەندە، ئامېرىكىدىكى شەرقى تۈركىستانلىقلار جەمئىيىتىنىڭ ۋەكىلى چىنغا رەددىيە قايتۇرۇپ مۇنداق دېدى: «نېمىگە ئاسان بۇ كومىتېت تارقىتىلىۋېتىدۇ؟ سوۋېت ئىمپېراتورلۇغىنىڭ يىمىرىلىشى بىلەن پۈتۈن دۇنيادىكى ئەسىر مىللەتلەر يوقاپ كەتكىنى يوق، ھازىر چىن مۇستەملىكىسى ئاستىدا ياشاۋاتقان 25 مىليوندىن ئارتۇق تۈرك مۇسۇلمانلىرى بىلەن تىبەت، موڭغۇل، مانجۇلار تېخى زۇلۇمدىن قۇتۇلغىنى يوق!»


ئارقىدىنلا خىتاي ۋەكىلى بانە كۆرسۈتۈپ مۇنداق دېدى: «دۇنيادا تىبەت، شەرقى تۈركىستان دەپ مەملىكەت يوق. تىبەتلەرنىڭ ئىنسان ھەقلىرى دەۋاسىنى بىر تەرەپ قىلساق، ئوتتۇرىدا دەۋا يوقايدۇ. شىنجاڭ (شەرقى تۈركىستان) ئىككى مىڭ يىلدىن بېرى بىزنىڭ ئۆز تۇپرىقىمىز، ئۇ بىزگە تەۋە».

ئامېرىكىدىكى شەرقى تۈركىستانلىقلار جەمئىيىتىنىڭ يېڭى رەئىسى ئابدۇللا خوجا رەددىيە قايتۇرۇپ مۇنداق دېدى: «بىزنىڭ 1884- يىلىدىكى ياقۇپبەگ دەۋرىگە قەدەر ياشىغان مۇستەقىل دۆلىتىمىز ھەمدە 1933- يىلى قەشقەردە ئېلان قىلغان شەرقى تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىمىز ۋە 1944- يىلى ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىدە قۇرۇلغان مۇستەقىل شەرقى تۈركىستان ھۆكۈمىتىمىز بار ئىدى. شەرقى تۈركىستان ھېچ بىر زامان ئىككى مىڭ يىلدىن بېرى چىنغا باغلانغان دۆلەت ئەمەس».

يۇقارقى جاۋاپلاردىن چىن ۋەكىلى زادىلا ئېغىز ئاچالماي قالدى. بۇ مەسىلە يىغىنغا قاتناشقان ئامېرىكا دۆلەت ئەرباپلىرىنىڭ كۈچلۈك دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىدى. بۇ تېمىنى ئاچقىنى ئۈچۈن، يىغىن كومىتېتى شەرقى تۈركىستان ۋەكىللىرىگە رەھمەت ئېيتتى. چىن ۋەكىلى يىغىن زالىدىن رەسۋالارچە چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى.

ھازىر ئامېرىكىدا، «چوڭ بىر كوممۇنىزىم لاگېرى يوقالغان بولسىمۇ. ئەمما، چىندىن ئىبارەت يەنە بىر كوممۇنىزىم لاگېرى تېخىچە مەۋجۇت. بۇ لاگېرنىمۇ يوقۇتۇش كېرەك» دېگۈچىلەر بارغانسىرى كۆپەيدى. شۇڭا، شەرقى تۈركىستان مىللى ئازاتلىق داۋاسى يالغۇز ئەسىر مىللەتلەر كومىتېتىدىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن ئامېرىكىدا بارغانسىرى كىشىلەرنىڭ ھېداشلىقىنى قوزغىماقتا. شەرقى تۈركىستاننىڭ ئاي - يۇلتۇزلۇق كۆك بايرىقى نيويورك شەھرىنىڭ ھەممىلا كوچىلىرىدا جەۋلان قىلىشقا باشلىدى.

داۋامى 12- بەتتە



# شەرقىي تۈركىستان دەۋاسى ئامېرىكىدا جانلانماقتا



بېشى 3-بەتتە

يۇقارقىدەك تارىخى ئارقا كۆرۈنۈشلەر ئاستىدا، يۇيل 7- ئايدا نيۇيورك شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن «ئەسىر مىللەتلەر ھەپتىلىكى» پائالىيىتىدە، شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىغا زور ئەھمىيەت بېرىلدى.

نيۇيورك شەھىرىنىڭ مەشھۇر باغچىسى ئىچىدە، شەرقىي تۈركىستاننىڭ بايرىقى ھەر تەرەپكە ئېسىلىپ، مىللى شوئارلار يېزىلغان لوزۇنكىلار ئېسىلدى. ئامېرىكىنىڭ سابىق پارلامېنت ئەزاسى نيۇيورك مىللەت ۋەكىلى ھون. مارىيو بىياگى تەكلىپكە بىنائەن ئالاھىدە يۈيەركە كېلىپ، شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ پائالىيىتىگە قاتناشتى ھەمدە شەرقىي تۈركىستان مىللى قۇرۇلتىيىنىڭ ئامېرىكىدىكى باش تەمسىلچىسى ۋە ئامېرىكا تۈركىستانلىقلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى غۇلامىدىن پاختا بىلەن رەئىس سەھنىسىدە بىرگە ئولتۇردى. ئۇ مىكرافوندا سۆز قىلىپ، شەرقىي تۈركىستاننى ۋە غۇلامىدىن پاختىنى ئاممىغا بىر قۇر چۈشەندۈرگەندىن كېيىن، غۇلامىدىن پاختىنى شەرقىي تۈركىستاننىڭ بۈگۈنكى ئەھۋالى ھەققىدە مەلۇمات بېرىشنى تەلەپ قىلدى. شۇندا قىلا شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ نىمىلەرنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى، قانداق شىكايەتلىرى بارلىقىنى سورىدى. پېشقەدەم ئىنقىلاپچىمىز غۇلامىدىن پاختا يۇپا ئالىيەتتە ئامېرىكا خەلقىگە، شەرقىي تۈركىستاندىكى زۇلۇمنى تەپسىلى ئاڭلاتقاندىن كېيىن، ئاخىرىدا مۇنداق دېدى:




«خىتايلار شەرقىي تۈركىستاننىڭ تەكلىماكان چۆلىنى ئىچى يېقىنغىچە «بارسا كەلمەس ئۆلۈم يولى» دەپ ئاتاپ كەلگەن ئىدى. ئەمما ھازىر شەرقىي تۈركىستاننىڭ تارىم ۋادىسىدىن دۇنيادا كەم ئۇچرايدىغان ساپ نېفىت چىققاندىن كېيىن، خىتايلار بۇ چۆلنىڭ ئامىنى «ئۈمىد چۆلى» گە ئۆزگەرتتى. ئەمما يۈيەرنىڭ خوجايىنلىرى بولغان شەرقىي تۈركىستانلىقلار بۇ بايلىقتىن مەھرۇم ھالدا ناھايىتى نامراتلىق، پەرىشانلىق ئىچىدە ياشىماقتا».

ئارقىدىن غۇلامىدىن پاختا ئامېرىكىنىڭ شەرقىي تۈركىستان ھەققىدىكى تۈرغۇن سوئاللىرىغا جاۋاپ بەردى.

شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ بۇقېتىمقى پائالىيىتى ھەققىدىكى خەۋەرلەر، ئامېرىكىنىڭ ھەرقايسى چوڭ رادىيو، تېلېۋىزور ۋە گېزىتلىرىدە ئومۇمى يۈزلۈك خەۋەر قىلىندى. ھازىر غۇلامىدىن پاختا ئامېرىكىدا ياشاۋاتقان شەرقىي تۈركىستانلىقلارنى تەشكىللەپ، شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنى ئامېرىكىدا تېخىمۇ كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن تىرىشماقتا.




## شەرقىي تۈركىستانلىقلار ئۈمىد ئىچىدە ياشىماقتا

بېشى 10-بەتتە

مايدۇ، دەپ ئېلان قىلدى. ئەمما، ئەينى چاغدا مەركىزى ھۆكۈمەتنىڭ بۇرايوندىكى باشقۇرۇشى ناھايىتى ئاجىز ئىدى. بۇرايوندىكى يەرلىك ھۆكۈمەت مەركىزى ھۆكۈمەتكە بويسۇنماي، ئىز ئالدىغا ھۆكۈمەت قۇرۇپ، مىللەتلارىملارچە ئۆزلىرىنىڭ دۆلەت قۇرۇلمىسى ۋە رەھبەرلىك سىستېمىسىنى تۇرغۇزغان ئىدى. شىنجاڭ ھۆكۈمىتى موسكۋا بىلەن مەخپى كېلىشىم تۈزۈپ، بۇئۆلكىنى سوۋېتنىڭ باشقۇرۇشىغا كىرگۈزگەن، بۇنىڭ بىلەن چىن سوۋېتنىڭ تاجاۋۇزچىلىق تەھدىتى ئاستىدا قالغان ئىدى.

ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىن ئەفەندى ئەينى چاغدا شەرقىي تۈركىستاننىڭ يات رەھبەرلىرىدىن بىرى ئىدى، ئۇ چاڭ جىشى بىلەن كۆرۈشكەندە، ئۈرۈمچى ھۆكۈمىتىنى تارقىتىپ، شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە يۈكسەك ئاپتونومىيە بېرىشنى تەلەپ قىلغان، ئەمما، چاڭ جىشى، ئاپتونومىيە مۇستەقىللىققە يول ئاچىدۇ، دەپ ئەندىشە قىلىپ، بۇ تەلەپنى رەت قىلغان، شۇنىڭ بىلەن سوۋېت ئەسكەرلىرى. شەرقىي تۈركىستانغا كىرىپ، يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ بۆلگۈنچى كۈچلەرنى تازىلىشىغا ياردەم بېرىپ، تاكى 2- دۇنيا ئۇرۇشىغا قەدەر تۇرغان.

شەرقىي تۈركىستاندا مۇستەملىكىچىلىك كوممۇنىزم دەۋرىدىمۇ يەنە ئوخشاشلا داۋام قىلىپ كەلدى، دەسلەپتە مازىدۇڭ سۇنجۇڭگەن ئوتتۇرىغا قويغان تەشەببۇسنى قوللىغان ئىدى، 1949- يىلى ئۇ، ھاكىمىيەتنى قولغا ئېلىپلا، دەل بۇنىڭ ئەكسىچە يول تۇتتى ۋە، «شىنجاڭ 2000 يىلدىن بېرى جىننىڭ ئايرىلماس بىر پارچىسى، قەدىراتى سېھتىما، تارىخىمىزغا ۋە سوتسىيالىستىك تۈزۈمىمىزگە زىيانلىق» دەپ ۋەدىسىدىن يېنىۋالدى، مۇشۇنداق بىر شارائىتتا، ئەيسا ئەفەندىم جىننى تەرك ئېتىپ، تۈركىيىگە كېلىپ يەرلەشتى.

چىن تاكى بۈگۈنگە قەدەر ئازسانلىق مىللەتلەرنى ئېزىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ئازسانلىق مىللەتلەرنى ئاسسىمىلاتسىيە قىلىش ۋاستىسى ناھايىتى مەككار بولدى. چىن گەرچە پىلانلىق تۇغۇتنى يولغا قويۇپ، كېلىۋاتقان بولسىمۇ، مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا نوپۇسى 1.03 مىليارتتىن ئاشىدۇ. بېيجىڭ ھۆكۈمىتى ئارتىپ كەتكەن نوپۇسىنى بىر تەرەپ قىلىش ئۇچۇن، پۈتۈن جىن زېمىنىنىڭ 6 دىن بىرىگە توغرا كېلىدىغان شەرقىي تۈركىستاننى تاللىدى:

50 يىلدىن بۇرۇن شەرقىي تۈركىستاندا ئاران 300 مىڭ خىتاي بار ئىدى، 1990- يىلغا كەلگەندە، جىننىڭ كۆچمەن يۆتكەش سىياسىتىنىڭ نەتىجىسىدە، خىتايلارنىڭ نوپۇسى 6 مىليونغا يەتتى. ئەكسىچە ھالدا؛ بۇ ۋەتەننىڭ ئەسلى ئىگىلىرى بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى 35 پىرسەنتكە چۈشۈپ قالدى. چىن ھۆكۈمىتى، «شىنجاڭغا 200 مىليون نوپۇسنى يەرلەشتۈرگىلى بولىدۇ» دەپ قارىماقتا. ئۇچاغدا، 8 مىليون يەرلىك تۈرك خەلق سەل كەبى خىتاي كەلكۈنى ئىچىدە غايىپ بولۇپ كېتىدۇ.

ئەيسا ئەپەندىم مۇنداق دېدى: «خىتايلارنىڭ كۆچمەن يۆتكەش سىياسىتى، بىزنى نەسلىمىز قۇرۇپ كېتىش خەۋپىگە دۇچ كەلتۈرمەكتە».

قارىغاندا ئەيسا ئەفەندىم ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ كەلگۈسى ئۆزگىرىشلىرىدىن ناھايىتى ئۈمىدۋاردەك قىلىدۇ.

ئاخىرىدا ئەيسا ئەفەندىم مۇنداق دېدى: «نۆۋەتتىكى يېڭى دۇنيا ۋەزىيىتىدە، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەغدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھەققى بار، ئامېرىكا ۋە باشقا ئەللەر بۇ پرىنسىپنى تېخىمۇ ياخشى قوللىشى كېرەك».